# 132384 - ئۇن ئالغۇدىن رۇقيە دۇئاسىنى ئاڭلاشمۇ، ئاغزاكى رۇقيە دۇئاسى ئوقۇشنى تەلەپ قىلغانلىقنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنامدۇ؟

## سوئال

ئالغۇ لىنتىلىرىدىن رۇقيە دۇئالىرىنى ئاڭلاشمۇ رۇقيە دۇئاسى ئوقۇشنى تەلەپ قىلغانلىق ھېسابلىنامدۇ ياكى پەقەت رۇقيە ئوقۇغۇچىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئوقۇتۇپ ئاڭلىسا ئاندىن رۇقيە ئوقۇشنى تەلەپ قىلغۇچى ھېسابلىنامدۇ؟، بۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: **«مېنىڭ ئۈممىتىمدىن يەتمىش مىڭ كىشى ھېسابسىز يەنى ھېساب ئېلىنماستىن جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلار باشقىلاردىن رۇقيە دۇئاسى ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلمايدۇ، قۇشلارنىڭ سايراشلىرىدىن شۇم پال ئالمايدۇ، جاراھەتلىرىنى داغلاپ داۋالىمايدۇ، ئۇلار پەقەت ئۆز پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلغۇچىلاردۇر»** دېگەن ھەدىسىنىڭ جۈملىسىگە كىرەمدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىزمۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، بارلىق ساھابىلىرى ۋە قىيامەتكىچە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە ئالللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: ئىمران ئىبنى ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«مېنىڭ ئۈممىتىمدىن يەتمىش مىڭ كىشى ھېسابسىز يەنى ھېساب ئېلىنماستىن جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلار باشقىلاردىن رۇقيە دۇئاسى ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلمايدۇ، قۇشلارنىڭ سايراشلىرىدىن شۇم پال ئالمايدۇ، جاراھەتلىرىنى داغلاپ داۋالىمايدۇ، ئۇلار پەقەت ئۆز پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلغۇچىدۇر.»** [مۇسلىم رىۋايىتى218-ھەدىس].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە: **«باشقىلارغا رۇقيە دۇئاسى ئوقۇپ بەرمەيدۇ»** دەپ كەلگەن. [مۇسلىم رىۋايىتى220-ھەدىس].

ئەمما ھەدىس ئۆلىمالىرى: "باشقىلارغا رۇقيە دۇئاسى ئوقۇپ بەرمەيدۇ" دېگەن سۆز ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى راۋىيدىن بىرىنىڭ خاتالىقى بولۇپ، توغرىسى: "باشقىلاردىن رۇقيە دۇئاسى ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلمايدۇ" دېگەن بولىدۇ دەيدۇ. [مۇسلىم رىۋايىتى220-ھەدىس].

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **«ئۇلار رۇقيە دۇئاسىنى ئوقۇمايدۇ»** دېمىدى، مۇسلىم ھەدىس بايان قىلغان بەزى راۋىيلار شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، بۇ شۇ راۋىينىڭ خاتالىقىدۇر، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ۋە باشقىلارغىمۇ رۇقيە دۇئاسى ئوقۇپ قويغان، لېكىن باشقىلاردىن رۇقيە دۇئاسى ئوقۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلاردىن رۇقيە دۇئاسى ئوقۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلماستىن ئۆزى ئۈچۈن ئوقۇسا بۇنىڭ زىيىنى يوق". [توغرا يولغا ئەگىشىش ناملىق ئەسەر 448-بەت].

يەنە مۇنداق دەيدۇ: "بۇ يەردە رۇقيە دۇئاسىنى ئۆزى ئوقۇش بىلەن باشقىلاردىن ئوقۇشنى تەلەپ قىلىشنىڭ ئارىسىدا پەرق بار، چۈنكى باشقىلاردىن رۇقيە دۇئاسى ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغۇچىنىڭ دىلى ئاللاھنىڭ غەيرىگە بۇرۇلغان بولىدۇ، رۇقيە دۇئاسىنى ئۆزى ئوقۇغۇچى بولسا، ياخشى ئىش قىلغۇچى ۋە باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزگۈچىدۇر". [ئىبنى تەيمىيە پەتىۋالار مەجمۇئەسى يېڭى نۇسخىسى 1-توم 18-بەت].

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن: جەننەتكە ھېسابسىز كىرىدىغان يەتمىشمىڭ كىشىنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى: ئۇلار ھېچ بىر كىشىدىن رۇقيە دۇئاسى ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلمايدۇ، ئەمما ئۆزى ئۈچۈن ياكى باشقىلارغا رۇقيە دۇئاسى ئوقۇپ قويسا بۇنىڭ زىيىنى بولمايدۇ.

ئىككىنچى: ئۆلۈئالغۇ لىنتىسىدىن ياكى تىلىپۇنغا ئېلىنغان ئۈچۈرلاردىن ياكى باشقا ئۈسكىنىلەردىن رۇقيە دۇئاسىنى ئاڭلاش بولسا باشقىلاردىن رۇقيە دۇئاسى ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلانمايدۇ.

رۇقيە دۇئاسىنى بۇ شەكىلدە ئاڭلاش ئاللاھ خالىسا پايدىلىق بولىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇنداق پايدىلىنىۋاتىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئىنسان بولسا ئۆزى ئوقۇسا ياكى باشقىلار ئۇ كىشىگە ئوقۇپ قۇيسا ياخشى بولىدۇ.

شەيخ ئىبنى باز رەھمەھۇللاھ مۇنداق پەتىۋا بەرگەن: "رادىيۇدىن ۋە ياكى باشقا ئۈسكىنىلەردىن بەقەرە سۈرىسىنى قويۇش بىلەنمۇ ئۆيدىن شەيتاننى قوغلاش ھاسىل بولىدۇ". [شەيخ ئىبنى باز پەتىۋالار مەجمۇئەسى 24-توم 413-بەت].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.